يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# 5000 دىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش توخۇسىنىڭ «كۆپەيتىش ئېففېكتى»



ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز
جاڭ جىلى، رايىدە

بۇ بىرنەچچە كۈندە، يەكەن ناھىيەسى ئۇدانلىق بازىرى يېڭىئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىمامنىياز قۇدرەت چىلانلىقىنىڭ ئەتراپىنى پات - پات ئارىلىدى، ئۇ چىلان كۆرگىلى ئەمەس، بەلكى چىلانلىقتىكى قىزىل تاجلىق «چىلانلىق يەرلىك توخۇسى»نى كۆرگىلى كەلگەنىدى.

چىلانلىقتا بېقىلىۋاتقىنىغا يېرىم يىل بولغان يەرلىك توخۇلارنىڭ ھەممىسى تېتىك، سېمىز ئىدى. ئۇلارغا «شايۇخۇڭگوەن» تاۋار ماركىسى چاپلانغاندىن كېيىن، ئىككى كۈندە بىر ئاپتوموبىللىق كۆلەم بىلەن ئۈرۈمچى ۋە ئىچكىرى رايونلاردىكى بازارلارغا ئەۋەتىلىدۇ، ھەربىرى 150 يۈەن بولۇپ، ئادەتتىكى گۆش توخۇسىنىڭ باھاسىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى.

«خې شۇجى، سىز ئويلاپ تاپقان چىلانلىقتا توخۇ بېقىش چارىسى ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بۇ بىر نەچچە يىلدا چىلاننىڭ باھاسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەمما توخۇ بېقىپ كۆپ پۇل تاپتۇق. كېلەر يىلى مەنمۇ چىلانلىقىمدا توخۇ بېقىشنى ئويلاۋاتىمەن» دېدى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئىمامنىياز ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن يېڭىئېرىق كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى خې جيەنشېڭنى ئىزدەپ بېرىپ.

خې جيەنشېڭ ئىمامنىيازنىڭ تەلپىگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى ھەم يەكەن جۇڭفۇ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ۋاڭ خۇنيەنگە: «دېھقانلارنىڭ توخۇ بېقىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئارزۇسى بولسىلا، ئۇلارنىڭ باقمىچىلىق تېخنىكىسىنى ئىگىلىشىگە چوقۇم ياردەم بېرىپ، توخۇ باقمىچىلىقى كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك» دەپ تاپىلىدى.

يەكەن جۇڭفۇ يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى بۇ يىل 300 مىڭ «چىلانلىق يەرلىك توخۇسى»نى سىناق تەرىقىسىدە باقتى، دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ باققان توخۇ 2 مىليوندىن ئاشتى، مۆلچەرى سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 17 كەنتتىكى 1000دىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈزلۈكسىز زورىيىۋاتقان توخۇ بېقىش كۆلىمىنى چۆرىدەپ، شىركەت يەنە تۇخۇم تەگلىكى زاۋۇتى، چۈجە چىقىرىش زاۋۇتى، ئورگانىك ئوغۇت زاۋۇتى، قۇشخانا قاتارلىقلارنى قۇرۇپ، 300 دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

ۋاڭ خۇنيەن ھاياجانلانغان ھالدا، توخۇ باقمىچىلىقى يەكەن ناھىيەسىنىڭ مۇھىم بىر كەسپىگە ئايلاندى، دېدى. ھالبۇكى، بۇ كەسپنىڭ ئىككى يىل بۇرۇنقى 5000 دىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش توخۇسىدىن «باشلانغانلىقىنى» كىممۇ ئويلىغان دەيسىز.

2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، خې جيەنشېڭ يېڭىئېرىق كەنتىگە كېلىپ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغاندا، كەنتتە كەسىپ تىرىكىنىڭ كەمچىللىكىنى، كەنت ئاھالىلىرىدە تېخنىكا ۋە بېيىش ئىشەنچىنىڭ كەمچىللىكىنى بايقىدى. ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، كەنتتىكى دېھقان شياڭ گۈيلىننىڭ توخۇ بېقىش ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇرماقچى بولغانلىقىنى بىلدى. خې جيەنشېڭ بازارنى تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، يالغۇز ئىش قىلىپ كەسىپ شەكىللەندۈرۈش تەس، كۆپچىلىكنى بىرلىكتە توخۇ بېقىپ، بىرلىكتە بېيىشقا سەپەرۋەر قىلىش كېرەك، دەپ قارىدى.

كەنت ئاھالىلىرى توخۇ بېقىپ باقمىغاچقا، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ پۇل چىقىرىشنى خالىمىدى. كەنت كوللېكتىپىنىڭ پۇلى بولمىغاچقا، خې جيەنشېڭ ئۆز يېنىدىن 30 مىڭ يۈەن چىقاردى، كەنتتە تۇرۇشلۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىمۇ 8000 يۈەن چىقاردى، ئۇلار بىر تاشلاندۇق كالا قوتىنىنى توخۇ لاپسىغا ئۆزگەرتىپ، 5400 چۈجە سېتىۋالدى، شياڭ گۈيلىن بىرنەچچە ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسىنى باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە باقتى.

كەڭ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ توخۇ بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇش، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىچكى كۈچىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خې جيەنشېڭ كەنت ئاھالىلىرىنى پاي قوشۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ھەربىر ئائىلە 500 يۈەن مەبلەغ چىقىرىپ 100 چۈجە سېتىۋالسا، چۈجە چوڭ بولۇپ كاتەكتىن چىقىرىلغاندىن كېيىن دىرى قايتۇرۇلاتتى ھەم پايدا تەقسىم قىلىناتتى. ئەمما توخۇ بېقىپ باقمىغان، پاي قوشۇپ پايدا تەقسىملەش ئەندىزىسىنى ئاڭلاپ باقمىغان كەنت ئاھالىلىرى ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنمىدى. ئاخىرىدا، بىرقانچە كەنت ئاھالىسى خې جيەنشېڭنىڭ ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ كۆپچىلىكنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى تېپىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىدىن تەسىرلىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن پاي قوشتى.

ئۈچ ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، 5000 دىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش توخۇسى كاتەكتىن چىقىرىلدى، تەننەرخىنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەربىر توخۇدىن سەككىز يۈەن پايدا قىلدى. خې جيەنشېڭ پايدا ئالغان پۇلنى پاي قوشقان دېھقانلارغا بۆلۈپ بەردى، ئاقىل روزى قاتارلىق پاي قوشقان دېھقانلار ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى: دەسلەپتە چىقارغان 500 يۈەن پاي ھازىر 1300 يۈەنگە ئايلانغانىدى، ئۇلار شۇ ھامان بۇ پۇلنى داۋاملىق پاي قىلىپ قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. 2 - تۈركۈمدىكى چۈجىلەر سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن، پاي قوشقان دېھقان ئائىلىسىدىن 40ى كۆپەيدى.

3 - تۈركۈم، 4 - تۈركۈم... كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توخۇ باقمىچىلىقىغا قاتناشتى، بەزى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يىللىق پايدا تەقسىماتى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. ئاستا - ئاستا باشقا كەنتلەرمۇ بۇ خىل ئەندىزىنى قوللىنىپ توخۇ باقتى. شۇنىڭدىن كېيىن باقمىچىلىق مەيدانلىرى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، يېزا ئىگىلىكنى كەسپلەشتۈرۈش كارخانىلىرى قاتناشتى، توخۇ باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى، توخۇ گۆشى، تۇخۇمنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئالاقىدار كەسپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش سۈرئىتىدە «كۆپەيتىش ئېففېكتى» نامايان بولدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

مەن باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كونكرېت ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ - ئامان شىنجاڭ، قانۇنچىل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇپ، ھەقىقىي تۈردە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى كۈچەيتىمەن».

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيۋىلىككە، ئىدىيەۋىلىككە، نەزەرىيەۋىلىككە ئىگە.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ چيەنشۇ مۇنداق دېدى: «بىز شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىقنىڭ ئاساسنى مۇستەھكەملەش، ئۇزاق كەلگۈسىگە پايدىلىق بولۇشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇننى ئىلمىي چىقىرىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇننى ئادىل يۈرگۈزۈش، ئومۇمىي خەلق قانۇنغا رىئايە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىمىز».

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت، بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان. ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قانۇنچىلىق باش ئەترىتىنىڭ باش ئەترەت باشلىقى سەي خۇجيەن مۇنداق بىلدۈردى: «بىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قانۇنچىل جامائەت خەۋپسىزلىكى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش مېخانىزمى ۋە نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى سىجىل تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈزەپ، قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈرىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن - سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى (خەلقئارا ھەمكارلىق باشقارمىسى)نىڭ مۇدىرى، 3 - دەرىجىلىك ئالىي تەپتىش ئەمەلدارى ۋاڭ چيۈلى مۇنداق دېدى: يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، بىز شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى بىلەن كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنىڭ تەپتىش خىزمىتىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىش تەلىپىنى «تۆت چوڭ تەپتىش» «ئون چوڭ كەسپ»نىڭ پۈتكۈل جەريانىدىكى ھەرقايسى ھالقىلاردا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق ئاممىسىغا ھەربىر ئەدلىيە دېلوسىدا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ھېس قىلدۇرىمىز.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى ھەق تەلەپ 1 - كوللېگىيەسىنىڭ كوللېگىيە باشلىقى رەيھانگۈل ئاسىم مۇنداق دېدى: «ھەق تەلەپ ئىشلىرىنى سوت قىلىدىغان سوتچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، قانۇن بويىچە ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتىمنى تولۇق ئادا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، فۇنكسىيە دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، دېلو بېجىرىشنىڭ سىياسىي ئۈنۈمى، قانۇن ئۈنۈمى، جەمئىيەت ئۈنۈمىنىڭ بىرلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى كۈچلۈك قانۇن يۈرگۈزۈش مۇلازىمىتى ۋە كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيمەن».

**(مۇخبىر جاڭ يۈنپې، قاتناشقان مۇخبىرلار ياڭ شۈخەن، لياڭ لىخۇا)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەخسۇس تەتقىق قىلىنىپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارار چىقىرىلدى. پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ئېچىلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا قارىتا يەنە بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىغا، تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى، پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا بولغان رەھبەرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولدى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي ئەندىزىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئەمەلىيىتىدە مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى؛ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىقىغا پارتىيەمىزنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى نەزەرىيە نەتىجىلىرى ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، ئەڭ مۇقىم، ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولى سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توغرا يولى. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىدە، بىز ئىشەنچ تۇرغۇزۇشىمىز، ئىرادىنى ساقلىشىمىز كېرەك.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈردى. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول، بايانى چوڭقۇر، لوگىكىسى پۇختا، سىستېمىسى مۇكەممەل بولۇپ، ئۇنىڭدا تارىخنى رېئاللىق بىلەن تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارانى دۆلەت ئىچى بىلەن باغلاش، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش جەھەتتىن يېڭى دەۋردە نېمە ئۈچۈن دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىغا قويۇلىدۇ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى قانداق يولغا قويۇش كېرەك قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىلدى. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت دەۋر تەلپىگە ئويغۇنلىشىپ ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۇھىم، زور نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى، ماركسىزملىق قانۇنچىللىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگولاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ تۈپ مىزانى ۋە ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي روھىنى تولۇق چۈشىنىپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، خىزمەت تەلپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرماقتا، تاشقى مۇھىتتا تېخىمۇ كۆپ مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈلمەكتە. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىش باسقۇچى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسى بەرپا قىلىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت قۇرۇش باش نىشانىنى چۆرىدەپ، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق ساھەسىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىپ، قانۇنچىللىق يولىدا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

قانۇنچىللىق گۈللەنسە دۆلەت گۈللىنىدۇ، قانۇنچىللىق كۈچەيسە دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ. يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى مۇساپىنى باشلاپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ سىياسىي يۆنىلىشى، مۇھىم ئورنى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسى، مۇھىم، زور مۇناسىۋىتى، مۇھىم كاپالىتىنى پۇختا ئىگىلەپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، قانۇنچىللىقنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىدىكى ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ياراتساقلا، بىز چوقۇم ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

چۈشتىن كېيىن سائەت 4تىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە، ئەرز قىلىنغان ئوبيېكت گۈلمىرە كېلىشكەنى بويىچە ئىشخانىغا كەلدى.

«مېنىڭ مۇنتىزىم تىجارەت كىنىشكام بار، نېمىشقا مېنى ئەرز قىلىدۇ؟» دېدى گۈلمىرە ئاچچىقلانغان ھالدا.

ئەسلىدە گۈلمىرە تىجارەت قىلىۋاتقان يېڭى يېمەكلىك دۇكىنىدا سېتىلغان بولكىنىڭ ۋاقتى 20 كۈن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەرز قىلىنغان بولۇپ، ئەرز قىلغۇچى تۆلەم تەلەپ قىلغانىدى.

«سىزنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن يېمەكلىكلەرنى سېتىش قىلمىشىڭىز ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى› غا خىلاپ.» جوۋ خۇا گۈلمىرەگە چۈشەندۈرۈپ، «قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، قارشى تەرەپكە 200 يۈەن تۆلەم بېرىسىز» دېدى.

جوۋ خۇانىڭ سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى نەتىجىسىدە، گۈلمىرە ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ يېتىپ، دەرھال مۇرەسسەنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

جوۋ خۇا بىلەن ئۇنىڭ خىزمەتدىشى ھەر كۈنى 20 - 30 قېتىم تېلېفون قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ ئارزۇ - تەلىپىنى ئاڭلاپ، ئاممىنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى، غەم قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئۆز ئىشىدەك ھەل قىلىدۇ.

«ئاساسىي قاتلامدىكى زىددىيەت - ماجىرالارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئاما ئويلىغىنىنى ئويلاپ، ئاما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، زىددىيەت - ماجىرالارنى قانۇن بويىچە ياخشى ھەل قىلىش كېرەك» دېدى بورتالا شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى چېن جاڭخۇا.

## مۇرەسسەنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش زىددىيەتنى يۇقىرىغا ئىتتىرمەسلىك

بۇ يىل 9 - ئاينىڭ بېشىدا، جىڭ ناھىيەسى خاۋشېڭ رەخكىلىك تاختا زاۋۇتى نىسى پۇلنى ۋاقتىدا بەرمىگەچكە ئەرز قىلىندى. جىڭ ناھىيەلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچى ياڭ گېڭشى مۇرەسسە ئىشخانىسىدا، ياڭ گېڭشى ئىككى تەرەپنىڭ زىددىيىتىنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، جاۋابكار مۇرەسسە قىلىشقا قوشۇلغان ئەھۋالدا مۇرەسسە قىلىشقا پائال تەشكىللىدى. جاۋابكار پۇلنى نىسى قىلىش پاكىتىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن دەۋاگەرگە نىسى پۇلنى دەرھال بېرىشكە ئامالسىز ئىدى.

ياڭ گېڭشى جاۋابكار بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، جاۋابكارنىڭ بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىقتىسادتا بىر ئاز قىيىنلانغانلىقىنى ئىگىلىدى. ياڭ گېڭشى مۇڭدىشىش ئۇسۇلىدا ئۇلار بىلەن سەۋرچانلىق بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى، ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ مۇرەسسە كېلىشىمى ھاسىل قىلدى. ئېلىم - سېتىم توختامىدىن كېلىپ چىققان ماجىرا ئۈچ سائەتتىلا ھەل بولدى.

تېجەلگىنى ۋاقىت، راۋانلاشتۇرۇلغىنى خەلق قەلبى. سوتچى ياڭ گېڭشى مۇرەسسە ئىشخانىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، جەمئىي 700دىن ئارتۇق دېلونى بىر تەرەپ قىلدى، مۇرەسسەنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش نىسبىتى %95كە يەتتى.

ئارشاڭ ناھىيەسى ئاتگىلىڭ بازىرى بالگىنتى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جاڭ شياگرېن ئادىل ئىش قىلىدىغان، ھەققانىيەتنى ياقىلايدىغان كىشى بولغاچقا، 2016 - يىلى كەنت ئاھالىلىرى تەرىپىدىن كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلانغانىدى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، خەلق مۇرەسسەسى ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىغا ئايلاندى.

بۇ يىل 6 - ئايدا كەنت ئاھالىلىرى يەر سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسىنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەچكە، قۇمغا كۆمگەندىن كېيىن تۇرۇبا يېرىلىپ كېتىپ، 4500 مو يەرنىڭ ھوسۇلى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. يەر ھۆددىگە ئالغۇچى ۋاڭ جۈن بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىش تۇرۇبىسى تەمىنلەش سودىگىرى لى ۋېيجۈن تۆلەم مەسىلىسىدە بىرلىككە كېلەلمەي، سوقۇشۇپ كەنت ئاھالە كومىتېتىغا باردى.

جاڭ شياگرېن ئەھۋالنى كۆرۈپ، دەرھال ئىككىسىنى ئاجرىتىپ، لى ۋېيجۈننى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكە ئېلىپ چىقىپ سۆزلەشتى، ئىككى تەرەپ ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، سەۋرچانلىق بىلەن مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق، لى ۋېيجۈن ئون ھۆددىگەرگە 800 مىڭ يۈەن تۆلەم بېرىشكە قوشۇلدى، بىر مەيدان ھوقۇقتا چېقىلىش ماجىراسى مۇرەسسە ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا ھەل بولدى.

ئىگىلىنىشچە، بورتالا ئوبلاستىدا ھازىر بار بولغان خەلق مۇرەسسە كومىتېتى 389، مۇرەسسە خادىمى 1412 بولۇپ، يېزا - بازارلىق خەلق مۇرەسسە كومىتېتى يېتەكچى قىلىنغان، كەنت - ئەترەت (مەھەللە) خەلق مۇرەسسە كومىتېتى ئاساس قىلىنغان، يۇقىرى - تۆۋەن تۇتاشقان، ئوڭ - سول بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان خەلق مۇرەسسە تەشكىلىي تور سىستېمىسى شەكىللەنگەن.

«ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئېغىرلىق مەركىزى، زىددىيەتلەرنى ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىپ، كىچىك ئىشلارنى كەنتتىن، چوڭ ئىشلارنى يېزىدىن چىقارمىغاندىلا، جەمئىيەتنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ» دېدى بورتالا ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن شۇجىسى خۇ بىن.

## مۇلازىمەت كەم بولماسلىق قەلب كۆۋرۈكى بەرپا قىلىش

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 6دە، مۇخبىرلار بورتالا شەھىرىنىڭ نەنچېڭ رايونى كوچا باشقارمىسى چاۋياڭ مەھەللىسىگە كەلدى. مەھەللە پارتىيە ئەزالىرى - ئامما مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ 2 - قەۋىتىدە، مۇخبىرلار ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئايرىم - ئايرىم تىرىشىپ رېمونت قىلىش، تىرىشىپ ئائىلە مۇلازىمىتى قىلىش، تىرىشىپ پېدائىي بولۇش، تىرىشىپ يېتىشتۈرۈش، تىرىشىپ چۈشەندۈرۈش، تىرىشىپ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشخانىسى دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى.

مۇخبىرلار «تىرىشىپ رېمونت قىلىش» ئىشخانىسىغا كىرىپ، تاماغا پائالىيەت خاتىرىسى جەدۋەلى ئېسىلغانلىقى، بۇنىڭغا بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئىشخانىنىڭ ئاھالىلەرگە ياردەم قىلىپ رېمونت قىلىش ئەھۋالىنىڭ تەپسىلىي خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆردى.

مەھەللە پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بىيەن جۈنلى مۇنداق دېدى: ئاما دۇچ كەلگەن باش قاتۇرىدىغان ئىشلار بىزنىڭ بۇ يەردە ئاساسىي جەھەتتىن ناھايىتى تېزلا ھەل بولىدۇ.

قوشنىلار ئارا زىددىيەت بارمۇ؟ ئەنسىرەش ھاجەتسىز، «تىرىشىپ چۈشەندۈرۈش» ئىشخانىسىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، بېشىڭىزنى قاتۇرغان ئىشلارنى سۆزلىسىڭىز، خەلق مۇرەسسە خادىملىرى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات بىلەن مۇرەسسە قىلىپ، زىددىيەتنى سىلىق ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

قانۇن مەسىلىلىرىدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولسىڭىز، «تىرىشىپ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش» ئىشخانىسىغا كەلسىڭىز بولىدۇ، بۇ يەردە كەسپىي قانۇن مەسلىھەتچىسى بار، سىزگە بىرلەپ يېشىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، يەنە سىزگە قانۇن بىلىملىرىنى ھەقسىز ئۆگىتىدۇ.

«ئاما ئېھتىياجلىق بولسىلا، مەن چاقىرغان ھامان كېلىمەن.» مەھەللىنىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى، بورتالا شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1 - تەپتىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لياۋ يۆمىڭ مۇنداق دېدى: «مەن دائىم كېلىپ كۆپچىلىككە قانۇن بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئاھالىلەرنىڭ قانۇنچىللىق ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىمەن».

«‹ئالتە تىرىشىش›نى يولغا قويۇش ئارقىلىق، زىددىيەت، ماجىرالارنى ۋاقتىدا ئاساسىي قاتلامدا ھەل قىلىپ، بىخ ھالىتىدە تۈگەتتۇق، مەھەللىمىز بارغانسېرى ئىناق بولۇپ كەتتى» دېدى بىيەن جۈنلى.

پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا، ئورتاق بەرپا قىلىش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك جەمئىيەت ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. خۇ بىن مۇنداق بىلدۈردى: بورتالا ئوبلاستى خەلقنى مەركەز قىلىش، مەسىلىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مۇرەسسەسى، مەمۇرىي مۇرەسسە، ئەدلىيە مۇرەسسەسى بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش خىزمەت سىستېمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گۈزەل يۇرت - ماكانى ئورتاق بەرپا قىلىپ، ئورتاق ئىدارە قىلىپ، ئورتاق بەھرىلىنىدۇ.